## 112171 ـ تاھارەت ئالغاندا ئايالللارنىڭ بېشىغا مەسھ قىلىشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

**سۇئال**

تاھارەت ئالغاندا ئايالللارنىڭ بېشىغا مەسھ قىلىشى قايسى شەكىلدە بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاب**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تاھارەت ئالغاندا ئايالللارنىڭ بېشىغا مەسھ قىلىش شەكلى: ئەگەر ئايالنىڭ چېچى ئەر كىشىنىڭ چېچىدىن ئۇزۇن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا مۇنۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان شەكىلدە بولىدۇ. رۇبەيئ بىنتى مۇئەۋۋىز رەزىيەلللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇ ئايالنىڭ يېنىدا تاھارەت ئالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چېچىنى ھەرىكەتلەندۈرمەستىن، بېشىنىڭ چوققىسىدىن باشلاپ بېشىنىڭ ھەممە يېرىگە مەسھ قىلغان. [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 26484-ھەدىس]. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇلللاھ ھەسەن دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن. يەنى مەسھ قىلىشنى بېشىنىڭ چوققىسىدىن باشلىغان.

ئىراقى رەھىمەھۇلللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭ مەنىسى، مەسھ قىلىشنى بېشىنىڭ چوققىسىدىن باشلاپ تۆۋەنگە چۈشۈرىدۇ، بېشىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن شۇنداق قىلىدۇ".«ئوۋنىل مەئبۇدتىن نەقل قىلىندى].

بېشىغا مەسھ قىلىشنىڭ بىر شەكلى مەشھۇر بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ئىنسان ئىككى قولى بىلەن بېشىنىڭ چېچىغا ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ گەردەنگىچە مەسھ قىلىپ ئىككى قولىنى يەنە شۇ شەكىلدە مەسىھنى باشلىغان ئورۇنغا قايتۇرىدۇ.

لېكىن بۇ شەكىلدە مەسھ قىلىش بېشىنىڭ چېچىنى بۇزۇۋېتىدۇ، ئايالللار ئەڭ ياخشىسى بېشىغا دەسلەپتە بايان قىلىنغان شەكىلدە مەسھ قىلىشنى تالالىسا ياخشى بولىدۇ ياكى بېشىنىڭ ئالدىدىن باشلاپ گەردىنىگىچە مەسھ قىلىپ ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قايتۇرمايدۇ، بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ يەنە بىر چۈشەندۈرىلىشىدۇر. [بۇ ھەقتە 45867-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇلللاھ "ئەلمۇغنى"1-توم 87-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر چېچى كۆپ بولۇپ ئىككى قولىنى گەدىنىدىن

يەنە بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قايتۇرۇپ بولغىچە چېچىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە ئىككى قولىنى كەينىگە قايتۇرمايدۇ، ئىمام ئەھمەدمۇ شۇنداق بايان قىلغان، ئىمام ئەھمەدتىن بىرسى: ئەگەر بىر كىشىنىڭ چېچى ئىككى دولىسىغا يەتكۈدەك بولسا، ئۇ كىشى قانداق مەسىھ قىلىدۇ؟دەپ سورىغاندا، ئىمام ئەھمەد ئىككى قولىنى بېشىغا ئەكىلىپ، كۆرسىتىپ چېچىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە بېشىنىڭ ئالدىدىن باشلاپ گەردىنىگىچە مەسىھ قىلىدۇ، ئىككى قولىنى مەسىھنى باشلىغان ئورۇنغا قايتۇرمايدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئەگەر خالىسا يۇقىرىدا رۇبەيىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغادەك قىلىسىمۇ بولىدۇ، ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چېچېنى ھەرىكەتلەندۈرمەستىن، بېشىنىڭ چوققىسىدىن باشلاپ بېشىنىڭ ھەممە يېرىگە مەسىھ قىلغان.[ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

ئىمام ئەھمەدتىن: ئايال كىشى قانداق مەسىھ قىلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ كىشى جاۋاپ بېرىپ مۇنداق قىلىدۇ دەپ: ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئاندىن بېشىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئاندىن بېشىنىڭ ئالدىدىن مەسىھ قىلىدىغان يېرىدە قويۇپ، ئاندىن ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئالدىدىن باشلاپ گەردىنىگىچە مەسىھ قىلدى، بېشىغا مەسىھ قىلىشنىڭ پەرزى ئادا بولغاندىن كىيىن قايسى شەكىلدە مەسىھ قىلسا توغرا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.